| | | |
|---|---|---|
| ئەيىبلە - | تۆلە - | ھەيدە - |
| تۈز - | ئاگاھلاندۇر- | جەملە- |
| دە - | ئۆس - | توپلا - |
| بەر - | سوز - | چىشلە - |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ھېچكىم جەمئىيەتكە ئارىلاشماي، يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

② ئابلىز ئىنتايىن مۇلايىم كىشى بولۇپ، ھېچكىمگە ئاچىقلىيالمايدۇ.

③ ماڭا بېرىلگەن ۋەزىپىنى بۈگۈن تەلتۆكۈس تۈگىتەلەيمەن.

④ بېشىمىزغا كەلگەن دەرت - ئەلەملەر سەۋەبىدىن، قۇربان ھېيتنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىدۇق.

⑤ ھازىر جەمئىيىتىمىز شۇنداق قالايمىقانكى، تالا - تۈزگىمۇ يۈرەكلىك ھالدا چىقالمايمىز.

⑥ قېيۇم قەلبىنۇرنىڭ مۇھاببىتىدىن جۇدا بولۇپ، بىر كۈنمۇ ھايات يۈرەلمەيدۇ.

⑦ بىز ھەممىمىز ۋاسكېتبولنى ياخشى ئوينىيالايمىز.

⑧ ئالىي مەكتەپتە سېتىۋالغان كىتابلىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلدىم.

⑨ بىزنى دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى ھەرگىزمۇ قورقۇتالمايدۇ.

⑩ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئايشەمنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل.

4- تۆۋەندىكى تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Gülnar çalışkandır, bu sınavı geçebilir.
2) Bilgisayarı iyi kullanabilirim.
3) Bu akşam hava bulutlu, yağmur yağabilir.
4) Ödevlerinizi bitirebilmişsiniz.
5) Uygur Tükrçesini iyi konuşabiliyor  musun?
6) Sen oraya kadar yüzemezsin!
7) Dün gece uyuyamadım.
8) Ofis'teki hepimiz Tursun'nun düğününe gidemedik.

**2- بەلگىلەش ئالماش « ھەممە» نىڭ ئىشلىتىلىشى**

بەلگىلەش ئالماش شەيئىلەرنى جەملەشتۈرۈش ياكى ئۆز ئارا ئاجرىتىش ئارقىلىق ئېنىقلاپ كۆرسىتىدىغان ئالماشتۇر. « ھەممە» بولسا « بارلىق، پۈتكۈل، پۈتۈن، بارچە» ئالماشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. « ھەممە» نىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

① ئىسمىنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

بۈگۈنكى ئاتا – ئانىلار سۆھبەت يىغىنىغا ھەممىمىزنىڭ ئاتا –ئانىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ مەقستى بىر.

بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئالامسىلەر؟

ئۇلارنىڭ ھەممىسدە بۇنداق لۇغەت بار.

157

② بەزىدە ئىسمنى بىلدۈرگەندە ئېنىقلىغۇچى رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ھەممە ئادەم ئورۇندىن تۇردى.

ئۇ ھەممە ساۋاقداشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئادىلە ھەممە جەھەتتە ياخشى.

جايى يوقنىڭ جېنى يوق. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ساقلا- | قولla - | تاپشۇر - |
| قاتناش - | تاپ - | يۈگۈر - |
| كۆچۈر- | ئۆتكۈز - | سات - |
| ئوقۇت - | يۈر - | باق - |

2- تۆۋەندىكى پېئىللارنى تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | |
|---|---|
| Geleneksel | ئەنئەنىۋى |
| Coşku | قىزغىنلىق |
| Ticaret yap- | سودا قىل- |
| Gelişme | تەرەققىيات |
| Aşağı | تۆۋەن |
| Yabancı | چەتئەللىك |
| Çorap | پايپاق |
| Kalabalık | قىستاڭچىلىق |
| Çarp - | سوقۇل - |
| Çirkin | مەينەت |
| Gaz, buhar | پار |
| Dindar, takvalı | تەقۋادار |

## گراماتىكا

### 1- پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى

ئىمكان تۈس ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل تۈش شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - لا، -لە » ياكى « - يالا، - يەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - الا، - ەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەم شەخس- سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| كەل + ەلە ← كېلەلە - | سۆزلە + يەلە ← سۆزلىيەلە - |
| كۆر + ەلە ← كۆرەلە - | ئوقۇ + يالا ← ئوقۇيالا - |
| بار + الا ← بارالا - | باشلا + يالا ← باشلىيالا - |
| ياز + الا ← يازالا - | ئوينا + يالا ← ئوينىيالا - |

پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىگە « - ما، - مە » قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بولۇشسىز شەكلى ھاسىل بولىدۇ.

| | |
|---|---|
| كەل + ەلە +مە ← كېلەلمە - | سۆزلە + يەل +مە ← سۆزلىيەلمە - |
| كۆر + ەل +مە ← كۆرەلمە - | ئوقۇ + يال +ما ← ئوقۇيالما - |
| بار + ا +ما ← بارالما - | باشلا + يال +ما ← باشلىيالما - |
| ياز + ا +ما ← يازال - | ئوينا + يال + ← ئوينىيالما - |

156